چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# سپارتاك

رافا ئېللو [ئىتالىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# سپارتاك

رافائېللو [ئىتالىيە]

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇسالام ئابلىز
ئابدۇزاھىر تاھىر



图书在版编目（C I P）数据

斯巴达克思／（意）乔万尼奥里著；晓江改编;阿布都沙拉木·阿布力孜译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2009.6
ISBN 978-7-80658-904-5
I.斯… II.①乔…②晓…③阿… III.长篇小说－意大利－近代－缩写本－维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I546.44

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第037196号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**سپارتاك**

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 2009-يىل 8-ئاي 2-بېسىلىشى
فورماتى: 787×970 mm 1/32 : باسما تاۋىقى: 6.5
ISBN 978-7-80658-904-5

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：艾比布拉·艾力
海来提·阿比提
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析
斯巴达克思（维文）
阿布都沙拉木·阿布力孜
阿布都扎依尔·塔依尔 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年5月第1版　2009年8月第2次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6.5
ISBN 978-7-80658-904-5

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

رافائېللو جوۋەنئولى (1838 — 1915)، ئىتالىيە مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زات، ئىقتىدارلىق تارىخشۇناس، يازغۇچى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىسى. ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىش «سپارتاك» ناملىق رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى چۈشىنىشىمىز، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت يولى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر ۋە پايدىلىق.

رافائېللو جوۋەنئولى 1838 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رىمدىكى بىر ئادۋوكات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى لىبېرال جەڭچى بولۇپ، باج ئىشلىرى بويىچە مەمۇرىي تەپتىش ئەمەلدارى بولغان. ئۇ 1848 - يىلى ئىنقىلاب يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ئىتالىيىنى قاپلىغاندا، مىللىي قوغدىنىش ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئاۋستىرىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە رىم ۋاتىكانىغا قارشى تۇرۇپ، رىم جۇمھۇرىيىتىنى قوغدىغان. كېيىنكى يىلى پاپا رىمنى باشقىدىن ئىشغال قىلىۋالغاندا، ۋەزىيەتسىدىن ئىستېپا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook

بەرگەن. جوۋەنئولى كىچىكىدىنلا دادىسىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۆسمۇرلۇك چاغلىرى ئىتالىيە يات مىللەتنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان ۋە فېئوداللىق زۇلۇم، مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن، مىللىي گۈللە-نىش ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇۋاتقان يىللاردا ئۆتكەن. بوران - چاپقۇنلۇق ئىنقىلاب يىللىرىدا ئائىلىسىنىڭ فېئوداللىزىمغا قارشى ئەنئەنىسى جوۋەنئولىنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىك ئىدىيىنى يېتىلدۈرگەن.

جوۋەنئولى باشتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنى-ۋېرسىتېتتا ئەدەبىيات، پەلسەپە ئوقۇغان. ئۇ مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاش مەقسىتىدە، يىگىرمە يېشىدا قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمنى باشلىغان، ئۇچ ئىنىسىنى باشلاپ ئىتالىيىدىكى بىردىنبىر چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن خالىي بولغان ساردىنىيە پادىشاھلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1867 - يىل مىللىي قەھرىمان گارىبالدى تەشكىللىگەن پىدائىيلار ئارمىيە-سى پاپا كونتروللۇقىدىكى رىمغا ھۇجۇم قىلغاندا، جو-ۋەنئولى ئىنىلىرى بىلەن گارىبالدىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلغان. ئۇ جەڭدە باتۇر، قەيسەر بولغاچقا، كۆپ قې-تىم شەرەپ بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ، گارىبالدىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ۋە روتا كوماندىرلىقىغا تە-

يىنىلەنگەن. ئۇ مونتېپروتوندونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قەتئىي ۋە كەسكىن بولۇپ، ئەسكەرلەرگە ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلغاچقا، مۇكاپاتلانغان. جوۋەنئۇلىنىڭ ئىنىسى ۋانبىئو شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان. كېيىن گارىبالدىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن جوۋەنئۇلى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئوفىتسېرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. گارىبالدىنىڭ ئوغلى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئەخلاق - پەزىلەتلىك، باتۇر — قورقۇمسىز ئىدى، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ھەرقانداق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.» جوۋەنئۇلىنىڭ گارىبالدى بىلەن بولغان جەڭگىۋار دوستلۇقى، ئۇرۇش مەيداندا ئۆتكۈزگەن جەڭگىۋار ھاياتى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. «سپارتاك» رومانىغا سىڭدۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇش پۇرىقى ئۇنىڭ ئاشۇ باسقۇچتىكى كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

جوۋەنئۇلى 1870 - يىلى ئارمىيىدىن چېكىنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇخبىر بولۇپ، ئىلغار پىكىرلىك گېزىت - ژۇرناللارغا ماقالە يېزىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رىم، ۋېنېتسىيىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئەدەبىيات، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆتكەن ھەمدە رىم قىزلار ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ئۇ يەنە كۆپ قېتىم رىم شەھەرلىك، ئۆلكىلىك پارلا-مېنتلارنىڭ ۋە ئىتالىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

جوۋەنئۆلى قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئەدىب. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا كلاسسىك مەدەنىيەت، تارىخ ۋە ئىتالىيە ئەدەبىياتىغا قويۇق ئىش-تىياق باغلىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ دادى-سىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئالتە يېشىدىلا تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇغان، ئون يېشىدا قەدىمكى رىم تارىخ-چىلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، مەكتەپتە ئەلا ئوقۇپ، ھەر يىلى بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىگەن. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە پۇختا ئاساس سالغان. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ساتىرا، قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورلىرىنى يېزىش بىلەن ئەدەبى-يات سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ ھاياتىدا جەمئىي ئالتە پارچە تارىخىي رومان، ھازىرقى زامان تېمىسىدا ئىككى پارچە رومان، ئىككى پارچە سەھنە ئەسىرى ياز-غان، بىر پارچە شېئىرلار توپلىمى ۋە ئىككى پارچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورلار توپلىمى چىقارغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، مەيلى رېئال تۇر-مۇشنى ئەكس ئەتتۈرسۇن ياكى ئۆتتۈرا ئەسىر ۋە قە-دىمكى رىم جەمئىيىتىدىكى تۇرمۇشنى تەسۋىرلىسۇن،

ئۇلاردا دەۋر روھى ئىپادىلەنگەن. جوۋەنئۇلى مەيلى ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولسۇن ياكى فېئودالىزم ئاق - پىكىرلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان مەدەنىيەت سېپىدە بولسۇن، قەيسەر، ئوت يۈرەك دېموكراتىك جەڭچى ئىدى.

## مۇندەرىجە

1. ئېلىشىش مەيدانىدا ........................ 1
2. ئاددىي مەيخانا ........................ 15
3. ۋالېرىيە ........................ 20
4. ھىيلە ـ مىكىر ........................ 36
5. سۇللانىڭ ئۆلۈمى ........................ 44
6. مەخپىي تەييارلىق ........................ 61
7. كائىسارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ........................ 72
8. بۈيۈك قوزغىلاڭ ........................ 83
9. مۇھەببەت ۋە ئېزىلىشتۇرۇش ........................ 92
10. ئېۋىتىبىدانىڭ ئۆچ ئېلىشى ........................ 110
11. خەتەرلىك ھەربىي يۈرۈش ........................ 125
12. كراسونىڭ سۈيىقەستى ........................ 136
13. ئاخىرقى سۆھبەت ........................ 150
14. سپارتاكنىڭ ئۆلۈمى ........................ 162
15. خاتىمە ........................ 170
ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ........................ 174

## 1. ئېلىشىش مەيداندا

بۇ كۈنى قەدىمكى رىمنىڭ چوڭ ئېلىشىش مەيدانى يۈز مىڭ رىم پۇقراسى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار قۇل گلادىئاتورلارنىڭ قانلىق ئېلىشىشىنى زارىقىپ كۈت-مەكتە ئىدى. ئىتالىيە ھۆكۈمرانى — لۇتسىي كورنېلىي سۇللا بۇنىڭدىن بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى رىم شەھەر خەلقىگە ئۈچ كۈن كاتتا زىياپەت بېرىدىغانلىقىنى، سەرخىل قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

گلادىئاتورلار تەخ بولۇپ، ئەگمە ئىشىكنىڭ سىر-تىدىكى يولدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. شۇ ئەسنادا ئىككى ئەمەلدار ئويۇن باشلاشقا سىگنال بەردى، يۈز گلادىئاتور سەپ تارتىپ ئەگمە ئىشىكتىن مەيدانغا كى-رىپ كەلدى، ئۇلار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش - چاۋاكلى-رى ۋە چۇقان - سۈرەنلىرى ئىچىدە ئېلىشىش مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ھاياجاندىن ئەسەبىيلەشكەن تاما-شىبىنلارغا سالام بەجا كەلتۈردى. ئۇلار سۇللانىڭ ئال-دىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا بىردەك ئاۋاز بىلەن توۋلاپ سالام بېرىشتى. سۇللا يېگىملەس قوماندان ئىدى، ئۇ كۆز ئالدىدىكى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook

باتۇر، زەبەردەست گىلادىئاتورلارغا سەپسىلىپ قارىماقتا ئىدى.

بۇ يۈز گىلادىئاتور ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر يىگىرمە نەپەر تورلۇق گىلادىئاتور ۋە قالقانلىق گىلادىئاتورلار ئىدى. تورلۇق گىلادىئاتورلارنىڭ قورالى ئۈچ چىشلىق ئارا ۋە تور ئىدى، قالقانلىق گىلادىئاتورلارنىڭ قورالى قالقان ۋە خەنجەر ئىدى. ئېلىشقاندا تورلۇق گىلادىئاتورلار ئاشۇ تورلىرى بىلەن قالقانلىق گىلادىئاتورلارنى تورغا چۈشۈرۈپ تۇتاتتى، ناۋادا ئۇلارنى تور بىلەن تۇتالمىسا، ئۇلار شۇ زامان قاچاتتى ــ دە، قالقانلىق گىلادىئاتورلار قاچقان تورلۇق گىلادىئاتورلارنى مەيدان ئىچىدە قوغلاپ ئۆلتۈرەتتى. بىرىنچى گۇرۇپپىنىڭ ئارقىسىدىكىلەر ئوتتۇز ــ ئوتتۇزدىن ئىككى تەرەپ بولۇپ ئېلىشىدىغان رەسمىي گىلادىئاتورلار ئىدى، ئۇلار باشلىرىغا دۇبۇلغا، ئۈچىسىغا قىزىل رەختتىن تىكىلگەن كالتە كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، دۇبۇلغىلىرىنىڭ ئۈستىگە قارا ۋە ئاق رەڭلىك قۇش پېيى قادىۋالغانىدى. سەپنىڭ ئاخىرىدىكىسى ئەڭ ئاخىرقى بىر گۇرۇپپا گىلادىئاتورلار بولۇپ، ئۇلار ئۈستىگە قىسقا ئاق كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا نىقابلىق دۇبۇلغا كىيىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ قورالى ئاددىي، پىچاققا ئوخشايدىغان خەنجەر ئىدى، دۇبۇلغا نىقابىدا كۆرۈش ئۈچۈن قويۇلغان كىچىك ــ كىچىك تۆشۈكلەر بار ئىدى. بۇ يىگىرمە

بەختسىز گلادىئاتور ئېلىشىش مەيدانىنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئوتتا قىزدۇرۇلغان سىم چىۋىق بىلەن ساۋاپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قىستىغانغا قەدەر تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن قارىغۇ چاشقان ئويۇنى ئويىنىغاندەك، ئۆزئارا جەڭ قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. گلادىئاتورلار مەيداننى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قەپەسلىرىگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

ئېلىشىش باشلاندى. شۇ تاپتا مەيداندا بىر ـ بىرى بىلەن روبىرو ئېلىشىدىغان ئىككىلا گلادىئاتور قېپقالدى. ئۇلارنىڭ بىرى بېشىغا بېلىق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن دۇبۇلغا كىيگەن، سول قولىدا قالقان، ئوڭ قولىدا خەنجەر تۇتقانىدى. يەنە بىرى تورلۇق گلادىئاتور بولۇپ، ئۇنىڭ قورالى ئۈچ چىشلىق ئارا ۋە بىر بېلىق تورى ئىدى. ئۇ قالقانلىق گلادىئاتورنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ، قانداق قىلسام ئۇنى تورغا چۈشۈرەرمەن دەپ ئويلاۋاتاتتى. قالقانلىق گلادىئاتور خەنجىرىنى غىلىپىغا سېلىۋېتىپ، رەقىبىنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتمەكتە ئىدى. تورلۇق گلادىئاتور ئۇنىڭغا ئېتىلدى، ئەمما ئۇ ھۇجۇمنىڭ بوشقا كەتكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال كەينىگە قاچتى.

تاماشىبىنلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە قالقانلىق گلادىئاتور تورلۇق گلادىئاتورنى قوغلىغىلى تۇردى ـ دە، خەنجىرىنى تەڭلەپ ئۇنى تام تۈۋىگە

قىستاپ كەلدى. تورلۇق گلادىئاتور ئۈچ چىشلىق ئارىنى ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن سانجىماقچى بولۇۋىدى، ئەمما شۇ ئەسنادا قالقانلىق گلادىئاتورمۇ خەنجىرىنى ئۇنىڭ كۆك-رىكىگە سانجىدى، ئۇنىڭ زەربە يېگەن كۆكرىكىدىن قىپقىزىل قان ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقتى، شۇ ئەسنادا، ئۇمۇ ئارىنى بار كۈچى بىلەن دۈشمىنىنىڭ ئوڭ پۇتىغا سانجىدى. قالقانلىق گلادىئاتور رەقىبىنى دەسسەپ تۇ-رۇپ، خەنجىرىنى دۈشمىنىنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى، تورلۇق گلادىئاتور ئاغرىق ئازابىدىن تولغانغىنىچە، جان ئۈزۈش ئالدىدىكى بىر خىل دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن:

— ھۇ، لەنىتى رىملىقلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئېلىشىش مەيدانى تورلۇق گلادىئاتورنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالدى، ئامان قالغان گلادىئاتور قانلىرىنى ئېقىتقان پېتى مەيداندىن ئايرىلدى. يەنە بىر مەيدان قانلىق ئېلىشىش باشلاندى.

بۇ چاغدا ئەزىز مېھمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئاقسۆڭەك گۈزەل قىز ۋالىرىيە ئۆزىگە يېقىنلا يەردە ئولتۇرغان يۇنانلىق بىر ساھىبجامالغا زەن سالدى. ئۇ ئېۋىتىبىدا دەپ ئاتىلىدىغان پاھىشە بولۇپ، ئۇستىدىكى نەپىس ۋە يۇقا يېپىنچىسى ئۇنىڭ تولغان ھەم تۈگە-نىڭ لوكىسىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىلىرىنى يوشۇرالمىغاچقا، ئۇ تېخىمۇ جەلپكار كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا تۇمەنلىگەن تاماشىبىن قولاقنى يارغۇدەك شاۋ-



قۇن ـ سۇرەنلەر ئىچىدە پۈتۈن دىققىتىنى گىلادىئاتورلار. نىڭ ئېلىشىشىغا قارىتىشقان ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىش ـ يېڭىلىشىگە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك يۇقىرى با. ھادا دو تىكىشكەنىدى.

بۇ چاغدا، قىزىل كىيىملىك فراكىيىلىكلەر بىلەن كۆك كىيىملىك سامنىتلىقلارنىڭ قانلىق قىرغىنچى. لىقى بېسىقاي دەپ قالغانىدى، مەيداندىكى گىلادىئاتورلار بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ۋە سۈرەن ـ چۇقانلار تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ قىرغىنچى. لىقتا سامنىتلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ھايات قال. غان ئۈچ فراكىيىلىكنى قورشىۋالغانىدى. بۇ ئۈچەيلەن. نىڭ بىرى سپارتاك ئىسىملىك گىلادىئاتور ئىدى، ئۇنىڭ بىر قولىدا خەنجەر، يەنە بىر قولىدا قالقان بار بولۇپ، جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. سپار. تاك باتۇر، غۇرۇرلۇق فراكىيىلىك بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ سەردارى ئىدى، زەربەردەست قامەتلىك بۇ يىگىتنىڭ ساپسېرىق ئۇزۇن چېچى، قويۇق ئۆسكەن ساقال ـ بۇرۇتى ئۇنىڭ قەھرىمانغا خاس كېلىشكەن قا. مىتىگە تولىمۇ ماس كەلگەنىدى، ئۇنىڭ كۈچلۈك مۇسكۇللىرى كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. ئۇ فرا. كىيىلىكلەر بىلەن رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا رودۇپ تېغىدا بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، رىملىقلار ئۇنى ئۆز قوشۇنىغا ئەسكەر قىلىۋالغان، كېيىن ئۇ قېچىپ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook